# ئىستىقلال ئاۋازى

يانۋار 2025
ئومۇمىي 54- سان

## تايلاندتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى
## خەلقئارالىق مەسىلىگە ئايلاندى

خىتاي مەخسۇس فوند تەسىس قىلىپ ئاققۇنلارنى كۆپلەپ يەرلەشتۈرمەكتە
1-بەت

ئىستىقلالدا خىتايغا قارشى يەنە بىر يېڭى سەھىپە ئېچىلدى
15-بەت

خىتاي بۇ يىلمۇ ئۇيغۇرلارنى خىتاي چاغىنىنى تەبرىكلەشكە مەجبۇرلىدى
41-بەت



ISTIQLAL




## باش مۇھەررىر

ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق

ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.



ISTIQLAL


**باش مۇھەررىر**

ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

**خەۋەر تەييارلىغۇچى**

ئابدۇخەبەر رەجەپ

**تەھرىر**

ي. قۇرۇم

**لايىھەلىگۈچى**

س. تارىم

**كارىكاتۇر**

رادۋا ئادىل

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن**

شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

**نەشر تۈرى**

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

**ئادرېس**



Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL

1 ختاي مەخسۇس فوند تەسىس قىلىپ ئاققۇنلارنى كۆپلەپ يەرلەشتۈرمەكتە

3 شەرقىي تۈركىستاندا يىل بېشى ئېچىلغان يىغىندا بارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى قايتا تەكىتلەندى

7 ئالدىنقى بىر يىلدا شەرقىي تۈركىستاندىن 90 مىليون توننا كۆمۈر تالان-تاراج قىلىنغان

9 ئامېرىكا تېڭشۈن قاتارلىق شىركەتلەرنى «قارا تىزىملىك»كە كىرگۈزدى

11 ئالدىنقى بىر يىلدا مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى داۋاملىق ياۋرو-ئاسىيا ئەللىرىگە توشۇلغان

13 ختاي شىركىتى **Shein** ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى ھەققىدىكى سوئالدىن ئۆزىنى قاچۇردى

15 ئىستىقلالدا ختايغا قارشى يەنە بىر يېڭى سەھىپە ئېچىلدى










# مۇندەرىجە


تايلاندتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپى ئەندىشە قوزغىماقتا 17

ئامېرىكا يەنە 37 خىتاي شىركىتىنى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزدى 25

ياۋروپادىكى بەش دۆلەت خىتاي ئەپ دېتاللىرى ئۈستىدىن ئەرز سۇندى 27

تىرامپ تىك توك ھەققىدىكى ئىجرائىيە بۇيرۇقىغا ئىمزا قويدى 29

بۇلتۇر 20 دىن ئارتۇق خىتاي ئۆلكىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ توكىدىن پايدىلانغان 31

تارقىلىۋاتقان سىنلار خىتاي تەشۋىقاتىنىڭ يالغانلىقىنى پاش قىلماقتا 33

تىرامپ خىتايغا 10% قوشۇمچە باج قويۇش بىلەن ۋەزىپىسىنى باشلىدى 35

خىتاي بۇ يىللىق ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى ئېلان قىلدى 37

CIA: خىتاي ۋىرۇسىنىڭ تەجرىبىخانىدىن تارقالغانلىق ئېھتىماللىقى يۇقىرى 39

خىتاي بۇ يىلمۇ ئۇيغۇرلارنى خىتاي چاغىنىنى تەبرىكلەشكە مەجبۇرلىدى 41

يېڭى شەپەق گېزىتى: 48 ئۇيغۇر خىتايغا قايتۇرۇلۇشتىن قۇتۇلدى 43



# خىتاي مەخسۇس فوند تەسىس قىلىپ ئاققۇنلارنى كۆپلەپ يەرلەشتۈرمەكتە

**خىتاي ئاتالمىش «ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش» نامىدا ئون مىليارد يۈەنلىك ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار تەرەققىيات فوندى»نى تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇ فوند ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى يەرلەشتۈرۈش سالمىقىنى داۋاملىق كۈچەيتمەكتە.**

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 4-يانۋاردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي 2022-يىلى 10 مىليارد يۈەنلىك ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار تەرەققىيات فوندى» تەسىس قىلغان بولۇپ، 2024-يىلى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار تەرەققىيات گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» قۇرۇلغان. «بۇغدا كۆلى تالانتلىقلىرى»نى كىرگۈزۈش پىلانىدا خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈش تۈرىدىن ئۈچى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان. بۇ دائىرىدە خىتاي ئۆلكىلىرىدىن پېنسىيەگە چىققان بىر تۈركۈم خىتاي ئاققۇنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرگەن.

2024-يىلى 20-نويابىر ئېچىلغان ئاتالمىش «شىنجاڭ پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يىغىنى»دا خىتاي




ئەمەلدارلىرى: «مائارىپ، پەن-تېخنىكا، ئىختىساسلىقلار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش تېپىدىكى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، 10 مىليارد يۈەنلىك ئىختىساسلىقلار تەرەققىيات فوندىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، جىددىي ئېھتىياجلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش، يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىش، يېڭىلىق يارىتىش تېپىدىكى ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىش كېرەك» دەپ بىلجىرلىغان. بۇنىڭغا ماس قەدەمدە

ختاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەر ۋە ئوبلاستلاردا تۈرلۈك ناملار بىلەن، ختاي ئۆلكىلىرىدىن ختاي ئاققۇنلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئالاھىدە تەشۋىق قىلغان.

يېقىنقى يىللاردا ختاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا يېزا-كەنتلەردىكى دېھقانلارنى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن تېرىلغۇ يەرلىرىنى ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىغان. ئاندىن يەرلىرىدىن ئايرىلغان دېھقانلارنى ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەكچىلەرنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا ختاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىشقا شارائىت ھازىرلىغان. ئارقىدىن ھەر خىل ناملار بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ختاي ئاققۇنلىرىنى كۆپلەپ يەرلەشتۈرگەن.

كۆزەتكۈچىلەر ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى تولۇق يۇتۇۋېلىش، پۈتۈنلەي ختايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئالاھىدە يۇقىرى تەمىناتلار، تۈرلۈك ناملار بىلەن ختاي ئاققۇنلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ھەرىكىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە داۋاملىق كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# شەرقىي تۈركىستاندا يىل بېشى ئېچىلغان يىغىندا بارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى قايتا تەكتلەندى




ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» 10-نۆۋەتلىك كومىتېتى 13-ئومۇمىي يىغىنى 5-يانۋار ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان بولۇپ، يىغىندا ئالدىنقى بىر يىلدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ تولۇق ئەمەلىيلەشكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ بارلىق تۈرلىرى قايتا تەكتلەنگەن.

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەكرىتاغ تورىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، مەزكۇر يىغىندا شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمىنىڭ 2024-يىللىق خىزمەتلىرى خۇلاسىلەنگەن ۋە 2025-يىللىق ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

خۇلاسىدە خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، 2024-يىلىدا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى»نىڭ شەرقىي تۈركىستاننى كونترول قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرغانلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ساقلانغانلىقى دەۋا قىلىنىپ، كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇش جىنايىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسا، ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش» ۋە مىللەت-دىن خىزمەتلىرىنىڭ ياخشى ئىشلەنگەنلىكىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق، ئاسسىمىلياتسىيە ۋە دىنىي باستۇرۇش جىنايەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

خۇلاسىدە يەنە شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار «تاشقى كۈرەش»نىڭ كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك بولغانلىقى دەۋا قىلىنىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىجرا قىلغان زور كۆلەملىك ساختا تەشۋىقات ھەرىكىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. شۇنداقلا ئالدىنقى بىر يىلدا خىتاينىڭ ئېنېرگىيە، ئاچقۇچلۇق قېزىلما بايلىق ۋە ئاشلىق، پاختا بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆسكەنلىكىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك بايلىقلارنى تالان-تاراج قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايەتلىرىنى تەقدىرلىگەن.

يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خىتاينىڭ 2025-يىلىدىكى پىلانلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان بولۇپ، جۈملىدىن

يېڭى بىر يىلدا ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشى»نى ئاساسىي لىنىيە قىلىش، ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش»نى دائىملاشتۇرۇش، خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ خىزمىتى»دە ئېغىپ كەتمەسلىك، دىنىي خىتايچىلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، چېگرا ئىچى-سىرتىدىكى ئاممىۋى پىكىر يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش، شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار تاشقى كۈرەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق تېررور ئىبارىلىرى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.



يىغىندا يەنە بۇ يىل ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش، بۇنىڭغا ياخشى تەييارلىق قىلىش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

گەرچە خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلىۋاتقان ۋە پۈتۈن دۇنياغا شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنىڭ نورماللاشقانلىقىدەك ساختا ۋەزىيەتنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، تۈرلۈك يىغىنلار ۋە باياناتلىرىدىكى ئىبارىلەر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىق قاتتىق ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.



# ئالدىنقى بىر يىلدا شەرقىي تۈركىستاندىن 90 مىليون توننا كۆمۈر تالان-تاراج قىلىنغان



**خىتاي ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈرلۈك بايلىقلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توختاۋسىز بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋاتقان بولۇپ، 2024-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ، تۆمۈريول ئارقىلىق خىتايغا توشۇلغان كۆمۈر مىقدارى 90 مىليون توننىدىن ئاشقان.**

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 7-يانۋار خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، 2024-يىلى تۆمۈريول ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ سىرتقا توشۇش مىقدارى 90 مىليون 610 مىڭ توننىغا يەتكەن. بۇ تۇنجى قېتىم 90 مىليون توننىدىن ئېشىشى بولۇپ، 2023-يىلىدىكىدىن 50.2% كۆپەيگەن.

خەۋەردە 2024-يىلى خىتاينىڭ

كۆمۈرگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئاشقانلىقى، ئىدارە ھالقىغان ئايلانما ترانسپورت قاتناش لىنىيەسىدىن 21 نى قۇرغانلىقى، يۈك پويىزىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش، 10 مىڭ توننىلىق پويىزنى كۆپەيتىش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، ترانسپورت ئۈنۈمى ۋە يول ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەنلىكى، نەتىجىدە 2024-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۆمۈر يولدا يەككە كۈندە 12 مىڭ ۋاگونغا يۈك قاچىلاش دائىملىق ھالەتكە ئايلانغانلىقى قەيت قىلىنغان.

خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي كۆمۈر بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش مىقدارىنى تېخىمۇ زورايتىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆمۈر كانلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتكەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 29 كۆمۈر كاندا ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش تاماملانغان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن تارتىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە ماس ھالدا، تۈرلۈك تەبىئىي بايلىقلارنى تالان-تاراج قىلىش جىنايىتىنى توختاۋسىز داۋاملاشتۇرماقتا. بۇ جىنايەتلەر بىر تەرەپتىن خىتاينى زور ئىقتىسادىي مەنبە بىلەن تەمىنلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خىتايدىكى ئېنېرگىيە كرىزىسىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم چارىسى بولماقتا.



# ئامېرىكا تېڭشۈن قاتارلىق شىركەتلەرنى «قارا تىزىملىك»كە كىرگۈزدى

ئامېرىكا تېڭشۈن، نىڭدې قاتارلىق خىتاينىڭ بىر قىسىم پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنى خىتاي ئارمىيەسىگە ياردەم بېرىدىغان شىركەتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزدى.



ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى 6-يانۋار خىتاينىڭ تور ئويۇنى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇ ماگناتى تېڭشۈن شىركىتى ۋە باتارېيە ئىشلەپچىقارغۇچى نىڭدې دەۋر شىركىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم خىتاي تېخنىكا شىركەتلىرىنى خىتاي ئارمىيەسىگە ھەمكارلاشقان شىركەتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن.

بۇ ھەقتە ئېلان قىلىنغان ھۆججەتتە دېيىلىشىچە، جازا تىزىملىكى يەنە ئۆزەك ئىشلەپچىقارغۇچى چاڭشىن ساقلىغۇچ تېخنىكا شىركىتى، يىيۈەن ئالاقە شىركىتى ۋە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ئىشلەپچىقارغۇچى داۋتۇڭ شىركىتى قاتارلىق خىتاي شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

تېڭشۈن شىركىتى خىتاينىڭ داڭلىق ئالاقە ئەپ دېتالى «ئۈندىدار»نىڭ ئانا شىركىتى بولۇپ، تېڭشۈننىڭ ئامېرىكىدىكى پاي چېكى تاشقى پېرېۋوت سودىسىدا 8% تۆۋەنلىگەن. تېڭشۈن شىركىتىنىڭ بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان باياناتىدا، شىركەتنىڭ تىزىملىككە كىرگۈزۈلۈشىنىڭ ئېنىق خاتالىق ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنغان.

نىڭدې دەۋر شىركىتىمۇ بۇ جازا تىزىملىكىنىڭ خاتالىق ئىكەنلىكىنى ۋە شىركەتنىڭ ھېچقانداق ھەربىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان. مەزكۇر تىزىملىك ھەققىدە باشقا شىركەتلەر ۋە خىتاينىڭ ۋاشىنگتوندىكى باش ئەلچىخانىسى مۇخبىرلارغا جاۋاب قايتۇرمىغان.



# ئالدىنقى بىر يىلدا مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى داۋاملىق ياۋرو-ئاسىيا ئەللىرىگە توشۇلغان

**خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى، خۇسۇسەن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتى خەلقئارادا كۈچلۈك ئەيىبلىنىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئالدىنقى بىر يىلدا مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۆمۈر يول ئارقىلىق ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە داۋاملىق توشۇلغان.**

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 9-يانۋاردىكى خەۋىرىدە 2024-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالاتاۋ ۋە قورغاس چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق قاتنىغان خىتاي - ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزىنىڭ 16 مىڭ 414 قېتىمغا يېتىپ، 2023-يىلدىكىدىن 14% ئاشقانلىقى خەۋەر قىلىنغان ۋە كاتتا ئۆتۈق سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىنغان.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، نۆۋەتتە ئالاتاۋ تۆمۈريول چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق قاتنايدىغان خىتاي - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسى 123 كە، قورغاس تۆمۈريول چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق قاتنايدىغان خىتاي - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسى 85 كە يەتكەن. توشۇلغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلار بولسا كۈندىلىك تۇرلۇك ماللار، ماشىنا-ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، 2024-يىلى ئالاتاۋ تۆمۈريول چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق قاتنىغان خىتاي – ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزى 7684 قېتىم بولۇپ، 2023 - يىلدىكىدىن 15.8% ئاشقان؛ قورغاس تۆمۈريول چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق قاتنىغان خىتاي - ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزى 8730 قېتىم بولۇپ، 2023-يىلدىكىدىن 12.5% ئاشقان. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئىككى سائەتتە بىر نۆۋەتچى پويىز قاتنىغان.

خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بېرى خەلقئارانىڭ بېسىمى ۋە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ جازا، چەكلىمىلىرىگە قارىماي، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ داۋاملىق ھەرقايسى دۆلەتلەرگە، ھەتتا ياۋروپا بازارلىرىغا ئېقىپ كىرىۋاتقانلىقى ھەققىدە دوكلاتلار ئېلان قىلىنماقتا. خىتاينىڭ TEMU, SHEIN قاتارلىق چەت ئەلگە يۈزلەنگەن تور سودا سۇپىلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا زور مەبلەغ بىلەن كېڭەيتىلىۋاتقان تۆمۈر يول، تاشيول ۋە ھاۋا لىنىيەلىرى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ چەت ئەلگە ئېقىشىغا ۋاستە بولماقتا.





# خىتاي شىركىتى Shein ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى ھەققىدىكى سوئالدىن ئۆزىنى قاچۇردى

خىتاي شىركىتى Shein نىڭ ئادۋوكاتى ئەنگلىيە پارلامېنتىدىكى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا شىركەتنىڭ شەرقىي تۈركىستان پاختىسى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلۇقىغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلغان بولۇپ، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 7-يانۋار ئەنگلىيە پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرتىلغان Shein شىركىتىنىڭ ئادۋوكاتى مەزكۇر تور سۇپىسىدا سېتىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا بىلەن مۇناسىۋىتى بار-يوقلۇقى توغرىسىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن قايتا-قايتا ئۆزىنى قاچۇرغان. بۇ ئەھۋال پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان.

خەۋەر قىلىنىشىچە، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تور سودىسى بازىرىغا سىڭىپ كىرىۋاتقان خىتاينىڭ Shein ۋە Temu شىركەتلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى 7-يانۋار ئەنگلىيە پارلامېنتى سودا-سانائەت

كومىتېتى تەرىپىدىن ئەمگەك ھوقۇقىغا رىئايە قىلىش ۋە مەھسۇلات مەنبەسى ھەققىدىكى ئىسپات ئاشكلاش يىغىنىغا چاقىرتىلغان.

Shein شىركىتىنىڭ لوندوندىكى قانۇنىي دىرېكتورى جۇ يېنەن يىغىن جەريانىدا شىركەت ساتقان مەھسۇلاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ياكى ختاينىڭ باشقا جايلىرىدىن كەلگەن پاختىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان-ئالمىغانلىقى توغرىسىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلغان.

ئۇ يەنە شىركەتنىڭ ھەرىكەت مىزانىنىڭ تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن پاختا ئېلىشىنى چەكلەيدىغان - چەكلىمەيدىغانلىقى ياكى شىركەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكتىن ئەندىشە قىلغان-قىلمىغانلىقى ھەققىدىكى سوئالغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلغان. ئۇ جاۋابىدا: «مېنىڭچە گېئوپولىتىكىلىق مۇنازىرىگە ئىپادە بىلدۈرۈشۈم مۇۋاپىق ئەمەس» دەپ باھانە كۆرسەتكەن.

كومىتېت رەئىسى لىئام بىرن نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، جۇ يېنەن تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارنىڭ كەمچىللىكىدىن چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بايانلىرى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ Shein شىركىتىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدە مەسىلە يوق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئىشەنچىنى نۆلگە تەك قىلغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، Shein بۇ يىل بىرىنچى پەسىلدە لوندون ئاكسىيە بازىرىدا 50 مىليارد فوندستېرلىڭ قىممىتى بىلەن بازارغا سېلىنىشقا تەييارلىق قىلماقتىكەن. گەرچە Shein ختايدا قۇرۇلغان بولسىمۇ، نۆۋەتتىكى باش ئورگىنى سىنگاپوردا ئىكەن.

نۆۋەتتە ختاينىڭ مەزكۇر ئىككى پارچە ساتقۇچى شىركىتى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مودا بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئاساسلىقى ختايدا ئىشلەنگەن كىيىم-كېچەك ۋە مەھسۇلاتلارنى ئالاھىدە ئەرزان باھادا ساتقان. ئەمما ئۇلارنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدە مەجبۇرىي ئەمگەك مەۋجۇت ئىكەنلىكى، خۇسۇسەن ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەر ۋە بايقۇت سادالىرى كۈچەيمەكتە.



# ئىستىقلالدا خىتايغا قارشى يەنە بىر يېڭى سەھىپە ئېچىلدى

ئىستىقلال تورى ۋە تېلېۋىزىيەسى 17 يىلدىن بۇيان خىتايغا قارشى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاۋازى بولۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ قېتىم ئىستىقلالدا يەنە بىر يېڭى سەھىپە ئېچىلدى.

ئىستىقلال نۆۋەتتە ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئىنگلىزچە، ئەرەبچە قاتارلىق تۆت تىلدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ۋەھشىي باستۇرۇش، ئېتىقاد ۋە بارلىق مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرنى كەمسىتىش ۋە چەكلەش، ئىسلام ئۆچمەنلىكى سىياسىتى يۈرگۈزۈش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش قاتارلىق بارلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى جانلىق پاش قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، تېخىمۇ مول مەزمۇنلارنى سۇنماقتا.

مانا بۇ قەدەمنىڭ يەنە بىر مەھسۇلى سۈپىتىدە، ئىستىقلال 2025-يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئىسلام دۇنياسىدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە، خىتاينىڭ چەت ئەللەردىكى يالغان تەشۋىقاتى، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆز بويامچىلىقى بارغانچە كېڭىيىۋاتقان بىر پەيتتە، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆپ بولغان دۆلەتلەردىن بىرى بولغان ھىندونېزىيە خەلقىگە خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى تونۇتۇش ئۈچۈن ھىندونېزىيە تىلىدا تارقىتىشنى باشلىدى.

Istiqlal Bahasa
www.istiqlalmedia.com
turkistanpress.com/en

ھىندونېزىيە 285 مىليون نوپۇسقا ئىگە ئىسلام دۆلىتى بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئىستىقلال بۇ يىلدىن باشلاپ يۇتيۇپ، ئىنستىگرام، فېيسبۇك، X قاتارلىق سۇپىلاردا خەۋەر تارقىتىشتىن باشقا، قىسقا سىنلار ئارقىلىق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جىنايەتلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئاخبارات ساھەسىدە ئىزچىللىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئورگىنىمىز «ئىستىقلال» 2008-يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار ئىشەنچلىك مۇھىم خەۋەرلەرنى، ئانالىزلارنى، ھەرخىل سۆھبەت پىروگراممىلىرىنى سۈيۈملۈك خەلقىمىزگە سۇنۇپ كەلمەكتە. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاكادېمىكلار، تەشكىلات رەھبەرلىرى، پائالىيەتچىلەر ۋە جامائەت ئەربابلىرى سۆھبەت پىروگراممىلىرىمىزغا قاتنىشىپ، خەلقىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلماقتا.

ISTIQLAL BAHASA



# تايلاندتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپى ئەندىشە قوزغىماقتا

بىر نەچچە كۈندىن بېرى تايلاند دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر تارقالغان بولۇپ، تايلاندتا ئون نەچچە يىلدىن بېرى تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 48 ئۇيغۇر خەۋپكە دۇچ كەلگەن. بۇ خەۋەر مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى قاتتىق ئەندىشىگە سالدى.

تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن بىرى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلاردىن، خەلقئارا جەمئىيەتتىن ياردەم تەلەپ قىلغان بولۇپ، مۇراجىئەتنامىدە: «مەن تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 48 ئۇيغۇرنىڭ بىرى. 12 يىلدىن بېرى تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتىمىز. مانا ھازىر بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، تايلاند دائىرىلىرى بىزنى جىددىي ھالەتتە خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ. بۇلار تەييارلىق بىلەن بىزنى خىتاي ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. گەرچە بىزنىڭ ئەھۋالىمىز نۇرغۇنلىغان خەلقئارا خەۋەرلەردە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق

تايلاند ھۆكۈمىتى بىزنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش نىيىتىدىن يانمىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز 48 ئۇيغۇر ئەركىن دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدىن تايلاند كونسۇلخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى قىلىش ۋاستىسى بىلەن بىزنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك، ئۈچىنچى بىر دۆلەتكە تاپشۇرۇپ بېرىشنى جىددىي تەلەپ قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز...» دېيىلگەن.

بۇ ھەقتە بىرلەشمە ئاگېنتلىقى 11-يانۋار خەۋەر ئېلان قىلغان بولۇپ، خەۋەردە تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ تايلاندتا ئون نەچچە يىلدىن بېرى تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى بىلدۈرۈلگەن. تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەيدانى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى ئەندىشىگە سېلىپلا قالماي، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى پائالىيەتچىلەر تايلاند ھۆكۈمىتى بۇ كىشىلەرنى خىتايغا قايتۇرغاندىن كېيىن، خورلاش ۋە قىيىن-قىستاقىقا ئېلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تۈرلۈك چاقىرىقلارنى قىلىشتى.

تۈركىيە، گوللاندىيە، شۋېتسىيە، گېرمانىيە، نورۋېگىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، كانادا، ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلار تايلاند ئەلچىخانىلىرى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، مەزكۇر ئۇيغۇرلارنى














قوغداشنى، خىتايغا قايتۇرماسلىقنى ۋە ئۈچىنچى بىر دۆلەتكە قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ ھەقتە ئىگىلىگەن ئۇچۇرىمىزغا ئاساسلانغاندا، باڭكوكتا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئىسلامى تەشكىلاتلار تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىپ تۇرغان بولۇپ، تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ 48 ئۇيغۇرنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى دەرھال توختىتىش كېرەكلىكى ھەققىدە مۇراجىئەت قىلغان.

ئۇندىن باشقا، مۇسۇلمان پارلامېنت ئەزاسى كانناۋى سۇبسېئاڭ پارلامېنتتا تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىش پىكرىگە قارشى چىققان ۋە ئۇلارنى قايتۇرماسلىق ھەققىدە ھۆكۈمەتكە چاقىرىق قىلغان. تايلاندتىكى مۇسۇلمان ئىنسان ھەقلىرى كومىسسارى دوكتور سۈچات ئەپەندىمۇ ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇ يىل خىتاي بىلەن تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ئىكەن.

تايلاندتا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئىككى دۆلەتنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، خىتاينى خۇشال قىلىشنى ئويلاشقان بولۇشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، بىراق يەنە تايلاند ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نارازىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇيغۇرلارنى خىتايغا تاپشۇرالمايدىغانلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرېشىد ئەمىنھاجى، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئىبراھىم سىدىقتىن تەشكىللەنگەن ھەيئەت تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ 48 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش مەسىلىسىنى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرىغا يەتكۈزۈش ھەمدە بۇ مەسىلىنى جىددىي ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى تاشقى مۇناسىۋەت رەئىسى زەفەر سىراكايا ۋە تۈركىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە سابىق ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئىشلىرى مىنىستىرى دەريا

يانىڭ خانىمنى زىيارەت قىلدى. هەيئەت بۇ جەرياندا تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مەسلىسىنى يەتكۈزدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى هەيئىتى يەنە ئەنقەرەدىكى تايلاند ئەلچىخانىسىدا تايلاند باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، تايلاندتىكى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرماسلىق هەققىدىكى تەلىپىنى ئۇقتۇرغان. باش ئەلچى



تايلاند تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ تەشكىلاتلار بىرلىكى هەيئىتىنىڭ زىيارىتىگە جاۋاب تەرىقىسىدە ئەۋەتكەن مەخسۇس خېتىنى ئوقۇپ بەرگەن. مەزكۇر خەتتە تايلاند هۆكۈمىتىنىڭ هەرقانداق بىر قارار چىقىرىشتا تايلاندنىڭ مۇستەقىل ئىرادىسى، تايلاند قانۇنى، هەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئىنسان هەقلىرى ۋە خەلقئارا قانۇن، دۆلەتنىڭ هەرقايسى ئورگانلىرىنىڭ تەۋسىيەسى قاتارلىق بەش پرىنسىپقا تايىندىغانلىقى، ئەمما ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇش هەققىدە تايلاند هۆكۈمىتىنىڭ هېچقانداق بىر قارار چىقارمىغانلىقى ۋە بۇنداق نىيىتى يوق ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. خەتتە يەنە تايلاند هۆكۈمىتىنىڭ تۇتقۇندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقانلىقى قەيت قىلىنغان.

ئىنسان هەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ (HRW) ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2014-يىلدىن باشلاپ تايلاندتا تەخمىنەن 350 ئۇيغۇر تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 172 ئايال ۋە بالا 2015-يىلى 7-ئايدا تۈركىيەگە يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

109 ئەركىشى خىتاينىڭ بېسىمى بىلەن خىتايغا قايتۇرۇلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيان ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغان. ھازىر تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 50 كە يېقىن ئۇيغۇر ناچار تۈرمە شارائىتىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇلتۇر ئابدۇللاھ ئابدۇلئەزىز، مەتتوختى مەتقۇربان ئىسىملىك ئىككى ئۇيغۇرنىڭ تۈرمىدە قازا قىلغانلىقى مەلۇم بولغانىدى.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە خەلقئارانىڭ بېسىمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، تايلاند ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇش پىلانى يوق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ: «48 ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرى ئېنىق ئەمەس، ئەمەلدارلار مۇناسىۋەتلىك قانۇني ئاساسلارنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ» دېدى. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ داۋاملىق خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

تايلاند ئۇلۇس تورىنىڭ 17-يانۋار خەۋەر قىلىشىچە، تايلاند مۇداپىئە مىنىستىرى پۇمتام ۋېچايچائى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇش پىلانى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى رەت قىلغان.



پۈمتام بۇ مەسىلە يىغىندا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ھەر قانداق ھەرىكەتنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، تايلاند ۋە خەلقئارا جەمئىيەت ئۈچۈن مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقارماسلىق ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي ئاساسلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەنلىكىنى، بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئۈچۈن، بۇ مەسىلىنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلارغا تاپشۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ھالبۇكى، تايلاندتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتە خىتاي قايتۇرۇلۇش ئېھتىماللىقىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقىلىۋاتقان بولۇپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تايلاندتىكى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرماسلىق ھەققىدىكى جىددىي چاقىرىقلار، تەلەپلەر داۋاملاشماقتا.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى 21-يانۋار باياناتى ئېلان قىلىپ، تايلاند ھۆكۈمىتىدىن 48 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرماسلىقنى تەلەپ قىلغان. باياناتتا ئەگەر ئۇلار خىتايغا قايتۇرۇلسا، قاتتىق قىيىن-قىستاققا ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.





ب د ت مۇتەخەسسىسلىرى باياناتتا ختاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇملىرىنىڭ ئىسپاتى بارلىقىنى، مۇساپىرلارنى قىين-قىستاق ۋە زوراۋانلىققا ئۇچراش خەۋپى بولغان دۆلەتلەرگە قايتۇرۇشنىڭ خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن.

19-يانۋار دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى روشەن ئابباس باشچىلىقىدىكى ھەيئەت تايلاندقا زىيارەتكە بارغان بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىخانىلىرى، تايلاند ھۆكۈمىتى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلغان. ھەيئەت يەنە ياپونىيەگە بېرىپ، مەزكۇر 48 ئۇيغۇر ھەققىدە ياپونىيە پارلامېنتىدىمۇ ئۇچرىشىشلاردا بولغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، مالايشىيادىكى زور تەسىرگە ئىگە تەشكىلات - مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ (ABIM) رەئىسى فەھمى شەمسۇددىن ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر ھەيئەت 24-يانۋار تايلاندنىڭ كۇئالالۇمپۇردا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنى زىيارەت قىلغان ۋە ئەلچىخانا ئەمەلدارلىرىغا ختايغا قايتۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن 48







ئۇيغۇر ھەققىدە مەكتۇپ سۇنغان. مەكتۇپتا تايلاند ھۆكۈمىتى مەزكۇر ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن تەقدىردە كېلىپ چىقىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر-مالايشىيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتى بىلەن مالايشىيادىكى تەسىر كۈچكە ئىگە تەشكىلات - مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى (ABIM) ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن نامايىشچىلار يەنە 24-يانۋار مالايشىيادا تۇرۇشلۇق تايلاند ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزگەن ۋە بايانات ئېلان قىلغان. ئۇيغۇر-مالايشىيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتى مۇدىرى ئۇمۇرۇ خانىم مالاي تىلىدا بايانات ئېلان قىلىپ، تايلاند ھۆكۈمىتىدىن 48 ئۇيغۇرنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

نۆۋەتتە تايلاندتا 48 ئۇيغۇر خىتاينىڭ تۆھمىتى سەۋەبلىك تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى سەۋەبلىك، 2013-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىن قاچقان. ئۆز ۋاقتىدا تايلاند دائىرىلىرى تۇتقۇن قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 300 گە يېقىن بولۇپ، نۆۋەتتىكى 48 ئۇيغۇر ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. تايلاند ھۆكۈمىتى 2015-يىلى يۈزلىگەن ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىغانىدى.



# ئامېرىكا يەنە 37 خىتاي شىركىتىنى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزدى

ئامېرىكا يەنە 37 خىتاي شىركىتىنى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزدى


ئامېرىكا 37 خىتاي شىركىتىنى ئېمبارگو تىزىملىكىگە قوشقان بولۇپ، مەزكۇر خىتاي شىركەتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك، دەپ ئەيىبلەنگەن.

فىرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى يەنە 37 شىركەتنى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى قانۇنى تىزىملىكى» گە كىرگۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن تىزىملىكتىكى شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 150 گە يېقىنلاشقان. بۇ شىركەتلەر ئىشلەپچىقارغان ياكى ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشقان مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشى چەكلىنىدىغان بولۇپ، كانچىلىق،

توقۇمىچىلىق ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىكەن. دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى بۇ قېتىمقى تىزىملىككە قوشۇلغان شىركەتلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىملىق جازالاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، يېڭى ئېمبارگو تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن شىركەتلەر شەرقىي تۈركىستاندا مۇھىم مېتال كانلىرىنى قېزىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

بۇ قېتىمقى تىزىملىككە يەنە شەرقىي تۈركىستان پاختىسىنى تېرىيدىغان ۋە دۇنياغا پاختا توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتلەر، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆپ كىرىستاللىق كىرېمنىي ماتېرىياللىرىنى، قۇياش ئېنېرگىيەسى تاختىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن.



# TikTok ياۋروپادىكى بەش دۆلەت قاتارلىق خىتاي ئەپ دېتاللىرى ئۈستىدىن ئەرز سۇندى



ياۋروپادىكى بەش دۆلەتنىڭ TikTok قاتارلىق ئىشلەتكۈچىلىرى خىتاينىڭ ئالتە ئەپ دېتالى ئۈستىدىن ئالتە تۈرلۈك ئەرز سۇنغان. بۇ ئەپلەر ياۋروپا ئىشلەتكۈچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىنى خىتايغا قانۇنسىز يوللاش قىلمىشى ھەققىدە ئەيىبلەنگەن.

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 17-يانۋاردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ قېتىمقى دەۋا بەزى شەخسلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولۇپ، مەزكۇر ئىشلەتكۈچىلەر ئاۋستىريەنىڭ ۋېيىنا شەھىرىگە جايلاشقان ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات Noyb ئارقىلىق ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مەلۇمات قوغداش ئورگانلىرىغا ئەرز سۇنغان. دەۋا TikTok ۋە شىياۋمى (گىرېتسىيە)،

Shein (ئىتالىيە)، AliExpress (بېلگىيە) ۋە Temu (ئاۋسترىيە)، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى WeChat (گوللاندىيە) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات Noyb نىڭ بايان قىلىشىچە، سانلىق مەلۇماتلار پەقەت نىشان دۆلەت سانلىق مەلۇماتلارنىڭ قوغدىلىشىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان شەرت ئاستىدا، ئاندىن ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن سىرتقا يوللانسا بولىدىكەن. ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىگە ئىگە ئىكەن.

نۆۋەتتە خىتاينىڭ ئەپ دېتاللىرى پۈتۈن دۇنياغا تەھدىت ئېلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، سانلىق مەلۇماتلارنى خىتايغا يەتكۈزۈش، جامائەت پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىش، ئىشلەتكۈچىلەرنى نازارەت قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرى دىققەت نۇقتىسى بولماقتا.





# تىرامپ TikTok ھەققىدىكى ئىجرائىيە بۇيرۇقىغا ئىمزا قويدى

تىرامپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىن، خىتاي ئەپ دېتالى TikTok توغرىسىدىكى ئىجرائىيە بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، ئەپكە ئالاقىدار چەكلىمىنى كېچىكتۈردى.

دونالد تىرامپ 20-يانۋار ئۆتكۈزۈلگەن قەسەم بېرىش مۇراسىمىدا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ، ئامېرىكىنىڭ 47-نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى بولغان. ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، تىرامپ پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغان تۇنجى كۈنى خىتاي ئەپ دېتالى TikTok نى چەكلەش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى كېچىكتۈرىدىغان بىر ئىجرائىيە بۇيرۇققا ئىمزا قويغان.

تىرامپ ئامېرىكىنىڭ TikTok قا ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا يول قويىدىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ خىتايدىكى ئانا شىركىتى بايتېدەنس بىلەن ھەمكارلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىدىغان پىلاننى تەستىقلىشى مۇمكىنچىلىكىنى

بىلدۈرگەن. بۇ بۇيرۇقتا ئېيتىلىشىچە، بۇ ۋاقىتتە چەكلەشنىڭ ئورنىغا ئۆچۈر مەخپىيەتلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 75 كۈنلۈك ۋاقىت بېرىلگەن. ئەمما بەزى جۇمھۇرىيەتچى ئاۋام پالاتا ئەزالىرى تىرامپىنىڭ پىلانىغا قارشى چىقىپ، TikTok نىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆزۈشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. تىرامپىنىڭ پوزىتسىيەسى 2020-يىلى تەكىتلىگەن چەكلەشتىن ھازىرقى TikTok نى قوغداشقا ئۆزگەرگەن.

ئالاقىدار خەۋەرلەردە قەيت قىلىنىشىچە، نۆۋەتتە تىرامپ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي سىياسىتى ھەققىدە تۇرلۇك پەرەز ۋە ئانالىزلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان بولۇپ، ئانالىزچىلار ئۇنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان تۇنجى كۈنىدە خەلقئارانىڭ كۈتكىنىدەك خىتايغا قارشى قاتتىق قول سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقىنى، ئەمما خىتايغا قارىتا قاتتىق مەيداننىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ كېيىنكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.





# بۇلتۇر 20 دىن ئارتۇق خىتاي ئۆلكىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ توكىدىن پايدىلانغان

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق خىتايدىكى توك قىسلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇلتۇر ئاتالمىش «شىنجاڭ توكىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يەتكۈزۈش» نامىدا 20 دىن ئارتۇق خىتاي ئۆلكىسىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ توكى بىلەن تەمىنلىگەن. خىتاي تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان ئېنېرگىيە بايلىقىنى خىتايغا توشۇش ئۈچۈن، توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى داۋاملىق كۆپەيتكەن.

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 2024-يىلى ئاتالمىش «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» پىلانى بويىچە 125 مىليارد 500 مىليون كىلوۋات سائەت توك خىتاي ئۆلكىلىرىگە توشۇلغان بولۇپ، خىتاي ئىچىدىكى 20 دىن ئارتۇق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنى ئىشلەتكەن.



خىتاي نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى تېخىمۇ كۆلەملەشتۈرۈش ئۈچۈن، شامال، قۇياش نۇرى قاتارلىق يېڭى ئېنېرگىيە كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2024-يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېڭى ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 100 مىليون كىلوۋاتتىن ئاشقان.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك بايلىقلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس ھالدا، تېز سۈرئەت ۋە كەڭ كۆلەمدە داۋاملاشماقتا. ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىۋاتقان غايەت زور بايلىقلار خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كرىزىسى ۋە ئېنېرگىيە كرىزىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك خىتاي بۇلاڭ-تالاڭنىڭ كۆلىمى، تۈرىنى داۋاملىق كۆپەيتمەكتە. ئالدىنقى ھەپتە خىتاي تاراتقۇلىرى ئالاھىدە تەشۋىق قىلغان شەرقىي تۈركىستانغا ئاتالمىش «مىڭ دوكتور تەكلىپ قىلىش» پىلانىدىمۇ ئۇلار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە، تېز سۈرئەتتە ئېچىش مەقسەت قىلىنغانلىقى مەلۇم بولغانىدى.




# تارقىلىۋاتقان سىنلار خىتاي تەشۋىقاتىنىڭ يالغانلىقىنى پاش قىلماقتا

خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر دېھقانلىرى قازغان قۇدۇقلارنى ئاتالمىش «قانۇنسىز» دېگەن باھانە بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خىتايلار قانۇنسىز قازغان قۇدۇقلىرى بىلەن كارى بولمىغانلىقى ھەققىدىكى قىسقا سىنلار خىتاي تەشۋىقاتلىرىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئاشكارىلىدى.

9-يانۋار لاگېر شاھىتى زۇمرەت داۋۇت فېيسبۇكتا تارقاتقان سىنلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى ئاشكارىلاپ، خىتاينىڭ «ئۇيغۇرلار بارلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ تىنچ-ئامان ياشىماقتا» دېگەنىدەك تەشۋىقاتلىرىنىڭ پەقەتلا خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش مەقسىتىدە تارقىتىلغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى

كەمسىتىش، تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا سولاش ۋاستىلىرى بىلەن زىيانكەشلىك قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا سۇ مەنبەسى قىس بولۇپ، نۇرغۇن دېھقانلار يەرلىرىنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن قۇدۇق كولاپ، بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كەلگەن. نۆۋەتتە خىتاي رېجىمى چۆل ياقىسىدا ئۇيغۇر دېھقانلار ئۆزلىرى كولىغان قۇدۇقلارنى مەجبۇرىي ئېتىۋەتكەن، ئەمما خىتاي ئاققۇنلىرى كولىغان قۇدۇقلار قالدۇرۇپ قويۇلغان.

سىندا تارقالغان خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش قىلمىشى قەشقەر ۋىلايىتى يوپۇرغا ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن. تەكلىماكان چۆلىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان بۇ ناھىيەدىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلاردۇر.

سىندا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي ئۆتكەن يىلى ئۈچ يېزىدىكى دېھقانلارنى سۇ قىسلىق مەسىلىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كولىغان قۇدۇقلىرىنى كۆمۈۋېتىشكە مەجبۇرلىغان. يوپۇرغا ناھىيەسى تېرەم يېزىسىدىكى قۇدۇقلار مەجبۇرىي تىندۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن، خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇرلارنى ئاتالمىش «ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش دېۋىزىيە»سىدىن سۇ سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلىغان. تارقالغان بىر سىندا ئاشكارىلىنىشىچە، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئاچقان بىر قۇدۇقنىڭ مەجبۇرىي تىندۇرۇۋېتىلىشى سەۋەبلىك، 50 مودىن ئارتۇق يەر سۇسىز قالغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ۋە بىر قىسىم جازالارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق جىنايەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھەرخىل رەزىل ۋاستىلەر، باھانىلەر ئارقىلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى يوللۇق كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىش، ئىرقىي كەمسىتىش، باستۇرۇش سىياسىتى ئىجرا قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# ترامپ خىتايغا 10% قوشۇمچە باج قويۇش بىلەن ۋەزىپىسىنى باشلىدى



ئامېرىكىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى دونالد ترامپ سايلام جەريانىدا ئېنىق ئىپادە بىلدۈرۈپ، خىتاي مەھسۇلاتلىرىغا ئەڭ كۆپ بولغاندا 65% كىچە باج قويىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما رەسمىي ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن خىتاي ماللىرىدىن ئېلىنىدىغان باجنىڭ 10% بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 25-يانۋار خەۋەر قىلىشىچە، ترامپنىڭ ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان خاراكتېرى ئۇنىڭ خىتايغا قويغان باج مەسىلىسىدىمۇ نامايان بولغان. ئۇ پرېزىدېنتلىققا ئولتۇرغان ئىككىنچى كۈنى خىتاينىڭ فېنتانىل زەھەرلىك چېكىملىكىنىڭ مېكسىكا ۋە كانادا ئارقىلىق ئامېرىكىغا كۆپلەپ كىرىشىگە يول قويغانلىقىغا جازا بېرىش



ئۈچۈن، خىتايغا 10% قوشۇمچە باج قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەمما بۇ ساننى ئۇنىڭ سايلامدىن ئىلگىرى خىتاي ماللىرىغا قويماقچى بولغان 65% لىك باج بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۇنىڭ خىتايغا بولغان مەيداندا بىر قەدەر ئۆزگىرىش بولغان. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى تەھدىت سالغاندەك ھەققەتەن دەرھال باج قويغان. ئۇ يەنە شى جىنپىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، بۇ تىرامپنىڭ خىتايغا بىر قەدەر نەپەسلىنىۋېلىش پۇرسىتى بەرگەنلىكى ھېسابلىنىدىكەن.

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، تىرامپنىڭ ھەرىكىتىدىن خىتاي بىلەن سودا قىلىش نىيىتى بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق خىتايغا ئۆزىنىڭ ئەڭ جىددىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋاقىت بېرىشى مۇمكىن ئىكەن. بۇ مەسىلىلەر توختاپ قالغان ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خىتاينىڭ رېكورت ياراتقان يەتتە تىرىليون يۈەنلىك سودا سوممىسى سەۋەبلىك جىددىيلەشكەن سودا شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى يۇمشىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

# خىتاي بۇ يىللىق ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى ئېلان قىلدى



خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاتالمىش «كونا ئولتۇراق رايونىنى ئۆزگەرتىش» نامىدا ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنى، ئولتۇراق رايونلىرىنى مەجبۇرىي چېقىپ، خىتاي ئۇسلۇبىغا ئۆزگەرتكەنىدى. خىتاي رېجىمى يەنە 2025-يىلى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ شەھەر-بازارلىرىدىكى 258 كونا ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىش پىلانىنى ئېلان قىلغان.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 26-يانۋار خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» تۇرالغۇ ۋە شەھەر-يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى 2025-يىلى

شەرقىي تۈركىستاندىكى شەھەر-بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، شەھەر-بازارلاردىكى 258 كونا ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىشنى پىلانلىغانلىقنى ئېلان قىلغان. خىتاينىڭ بۇ پىلانى 76 مىڭ ئاھالىگە چېتىلىدىكەن. بۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى 118 ئولتۇراق رايوندا ئولتۇرۇشلۇق 18 مىڭ ئاھالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي رېجىمى 2019-يىلى شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «شەھەر-بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش» نامىدا ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدىكى ئۆيلەرنى چېقىشقا، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى ۋەيران قىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، 2024-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 6888 ئولتۇراق رايوننى مەجبۇرىي ئۆزگەرتكەن بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ پىلانى 1 مىليون 166 مىڭ 700 ئاھالىگە چېتىلغان. پەقەت 2024-يىلىدىلا «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» تۇرالغۇ ۋە شەھەر-يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشى بىلەن، 857 ئولتۇراق رايون ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، بۇ ھەرىكەت 193 مىڭ 800 ئاھالىگە چېتىلغان.



خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللار مابەينىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى زور كۆلەمدە تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا قاماپ، ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن دىنىي، مىللىي قىممەت قاراشلىرىدىن، ئۆز كۆلتۈرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاپ، نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى كۆزدىن يوقىتىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر-ئىسلام ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنى، ھويلا-ئاراملارنى تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن مەجبۇرىي چاققان ياكى خىتاي ئۇسلۇبىغا ئۆزگەرتكۈزگەن. تارقالغان سىنلار ۋە خىتاينىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئازراقمۇ پەسەيمىگەنلىكىنى، خىتاينىڭ بۇ يىلمۇ تۈرلۈك يوسۇندا داۋاملىق كۈچەپ ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.




# CIA: خىتاي ۋىرۇسىنىڭ تەجرىبىخانىدىن تارقالغانلىق ئېھتىماللىقى يۇقىرى

ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى (CIA) خىتايدىن تارقىلىپ دۇنياغا ئاپەت كەلتۈرگەن ۋىرۇسنىڭ تەجرىبىخانىدىن تارقالغانلىق ئېھتىماللىقىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئەلجەزىرە قانىلىنىڭ 27-يانۋار خەۋەر قىلىشىچە، ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى خىتاي ۋىرۇسى تەبىئىي ھادىسە ئەمەس، بەلكى خىتاي تەجرىبىخانىسىدىن تارقالغانلىق ئېھتىماللىقى يۇقىرى، دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. گەرچە بۇ خىل باھالاشقا بولغان ئىشەنچ تۆۋەن بولسىمۇ، خەۋەرلەرگە



ئاساسلانغاندا، بۇ باھالاش بايدىن ھۆكۈمەتنى مەزگىلدە بۇيرۇلغان ۋە جون راتكلىف CIA باشلىقى بولۇپ قەسەم بېرىشتىن بۇرۇن تاماملانغان. راتكلىف ختاي ۋىرۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئۆزى رەھبەرلىك قىلدىغان CIA نىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

CIA نىڭ بۇ نەتىجىنى جاكارلىشىدىن كېيىن، فېدېراتىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسى (FBI) ۋە ئېنېرگىيە مىنىستىرلىقى قاتارلىق ئامېرىكىنىڭ باشقا ئۈچ ئورگىنىمۇ تەجرىبىخانىدىن تارقىلىش نەزەرىيەسىنى قوللىغان. بۇنىڭغا قارىتا ختاينىڭ ۋاشىنگتوندىكى ئەلچىخانىسى CIA نىڭ خۇلاسىسىنى رەت قىلىپ، ئۇنى خاتا يېتەكلەش ۋە سىياسىي مەقسەتتىن ئىبارەت، دەپ جار سالغان. ختاي باياناتچىسىمۇ ۋىرۇسنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سىياسىي پەرەز ئەمەس، ئىلمىي تەتقىقات بولۇشى كېرەكلىكىنى دەۋا قىلغان.

# خىتاي بۇ يىلمۇ ئۇيغۇرلارنى خىتاي چاغىنىنى تەبرىكلەشكە مەجبۇرلىدى

خىتاي بۇ يىلمۇ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە ئوخشاشلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنى خىتايلارنىڭ چاغىنىنى تەبرىكلەشكە مەجبۇرلىدى.

خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىنى ئۆز لايىقىدا ئۆتكۈزۈشىگە ھەرخىل تەرىقىدە چەكلىمە قويۇش، توسقۇنلۇق قىلىش بىلەن بىرگە، تۈرلۈك رەزىل ۋاستىلەر بىلەن، خىتايلارنىڭ ھەرخىل بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈشكە، تەبرىكلەشكە مەجبۇرلاپ كەلگەنىدى. شۇنداقلا ئاتالمىش «قوشماق تۇغقان» سىياسىتى ۋاستىسى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي بايرىمىنى ئۆتكۈزىدىغان-ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى نازارەت قىلىپ كەلگەنىدى.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 27-يانۋار خەۋەر قىلىشىچە، بايىنغولىن ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، كورلا شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى مەسئۇل بولۇپ، كورلا شەھەرلىك مەدەنىيەت سارىيىدا 2025-يىللىق ئاتالمىش «مەدەنىيەتنى ھەممە ئائىلىگە كىرگۈزۈش، بىرلىكتە جەم بولۇپ باھار بايرىمى ئۆتكۈزۈش» نامىدا باھار بايرىملىق تىياتىر كېچىلىكى ئۆتكۈزگەن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن جايلىرىدا خىتاينىڭ مەزكۇر بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى مەجبۇرىي تەشكىللەنگەن بولۇپ، خەۋەردە بىر قىسىم جايلار مىسال تەرىقىسىدە تىلغا



ئېلىنغان. جۈملىدىن خوتەن ۋىلايىتى لايقا يېزىلىق تەشكىلات بۆلۈمى ئۇيغۇرلارنى كەنتكە يىغىپ، پانۇس ئېسىشقا، چاغان تەبرىكلەش ئۈچۈن خىتايلارنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، يوللاردا چاغانلىق شوئار تۇۋلاش، ئەجدىھا ئۇسسۇلى، كۆنلۈك ئۇسسۇلى، شىر ئۇسسۇلى قاتارلىقلارنى ئويناشقا مەجبۇرلىغان.


ئىجتىمائىي ئۈچۈر ۋاستىلىرىدا تارقالغان بىر قانچە سىندا كۆرسىتىلىشىچە، كەنتلەردىكى خىتاينىڭ قورچاق ئەمەلدارلىرى ھەتتا ئەرلەرنىمۇ خىتاينىڭ ياڭگىر ئۇسسۇلىنى ئويناشقا مەجبۇرلىغان. زۇمرەت داۋۇت خانىم ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابىدا تارقاتقان يەنە بىر تۈركۈم سىنلاردا بولسا بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدىكى جىن-شاياتۇن، بۇددىست ئوبرازلىرىنىڭ قىياپىتىدە ياساندۇرۇلۇپ، كوچا ئايلىنىشقا مەجبۇرلانغانلىقى كۆرسىتىلگەن.


تارىختىن بۈگۈنگىچە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بايراملىرىنى گۈزەل تەرىقىدە تەبرىكلەپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈشتىن مەھرۇم قىلىنىپلا قالماستىن، خىتاينىڭ تەھدىت ۋە مەجبۇرلاشلىرى سەۋەبلىك، ئېتىقادىغا، مەدەنىيىتىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان خىتاي بايراملىرىنى تەبرىكلەشكە، ھەر جەھەتتىن خىتايدەك كۆرۈنۈپ ياشاشقا مەجبۇرلانماقتا.









# يېڭى شەپەق گېزىتى: 48 ئۇيغۇر خىتايغا قايتۇرۇلۇشتىن قۇتۇلدى

تۈركىيەنىڭ يېڭى شەپەق گېزىتى غەززەدىكى ئەسىر ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتىدىن كېيىن، تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 48 ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا تاپشۇرۇلۇپ بېرىشتىن قۇتۇلغانلىقىنى بىلدۈردى.

يېڭى شەپەق گېزىتىنىڭ 30-يانۋاردىكى خەۋىرىدە تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ 48 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇش قارارىدىن ئاخىرقى پەيتتە ۋاز كەچكەنلىكى، بۇنىڭدا تۈركىيە ئىنسانىي ياردەم ۋەقفىنىڭ (IHH) دىپلوماتىك تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك رول ئوينىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئىنسانىي ياردەم ۋەقفىنىڭ سۆھبەت ئۆمىكى تايلاند ئەمەلدارلىرىغا غەززەدە تۇتقۇن قىلىنغان تايلاند پۇقرالىرىنىڭ تۈركىيە پرېزىدېنتى ئەردوغاننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىپ: «بىز سىلەرنىڭ پۇقرالىرىڭلارغا ئىگە بولدۇق، سىلەرنىڭمۇ بۇ مۇسۇلمان تۈركلەرگە ئىگە بولۇشۇڭلارغا توغرا كېلىدۇ» دېگەن.

يېڭى شەپەق گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇش پىلانىنىڭ IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى ئالاقە ئىشلىرى ئۆمىكىنىڭ تايلاندتا قىلغان خىزمەتلىرى نەتىجىسىدە توختىتىلغانلىقى قەيت قىلىنغان بولۇپ، IHH سۆھبەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئالتاي تايلاندتا نۇرغۇن ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا مەزكۇر ئۇيغۇرلار خىتايغا قايتۇرۇلغان تەقدىردە، ھاياتىنىڭ



خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقىنى، ئېغىر ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى يەتكۈزگەن.

ئابدۇللاھ ئالتاي ئەپەندى مۇخبىرغا: «بۇ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرماسلىق قارارىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، قايتۇرۇش مەركىزىدە 18 كۈندىن بۇيان ئاچلىق ئېلان قىلغان قېرىنداشلىرىمىزغا خەۋەر يوللىدۇق. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇلار ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىپ، تاماق يېيىشكە باشلىدى» دېگەن.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي ۋە باش كاتىپ ئابدۇرېشىد ئەمىنھاجى بىرلىككە ۋاكالىتەن، تايلاندتا شەيخۇلئىسلام ئارۇن بونچوم بىلەن كۆرۈشكەن.

ھەيئەت سۆھبەت جەريانىدا شەيخۇل ئىسلامغا 48 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ مەسىلە 2015-يىلدىكى پاجىئەنىڭ تەكرارلىنىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن، شۇنداقلا دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتلىرىنى ئەسلەتكەن.

تەشكىلاتلار بىرلىكى تايلاند زىيارىتى جەريانىدا يەنە تايلاند دۆلەتلىك ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ئەزاسى دوكتور سۇچارىت بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ، نۆۋەتتىكى 48 ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن ۋە 48 ئۇيغۇرنىڭ ئۈچىنچى بىر دۆلەتكە يۆتكىلىشى، تايلاندتا تۇرۇش جەريانىدا بارلىق ئىنسانىي ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولالىشى توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى يەتكۈزگەن.






**تايلاندتىكى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇش ئۇلارنى**

**ئۆلۈمگە ئىتتىرگەنلىك بىلەن باراۋەر!**

ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا
# نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

## بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


www.istiqlalhaber.com | www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15 +90 553 895 19 33 +90 541 797 77 00